السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئۇنىڭ سەجدىدىكى ھالىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنداق بولىشى: ناماز ئادا قىلغۇچى سەجدە قىلغان ھالىتىدە ئاللاھقا خار بولۇپ، بويسۇنۇپ بەدىنىدىكى ئەڭ ئېسىل-شەرەپلىك ئەزا بولغان يۈزىنى زېمىنغا قويىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا بۇيرىدى، بۇ ھالەتتە ئاللاھ تائالاغا سۆز بىلەن ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن خار بولۇش-بويسۇنۇش مۇجەسسەملىشىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5382

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee